# پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سەفىييەنى ئازاد قىلىپ، ئازادلىقىنى ئۇنىڭ تويلۇق مەھرى قىلدى

ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدى: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سەفىييەنى ئازاد قىلىپ، ھۆرلۈككە چىقىرىلىشىنى ئۇنىڭ مىھرى ھەققى قىلدى
[سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)] [ھەدىسنى بۇخارى ۋە مۇسلىم بىردەك قوبۇل قىلغان]

ھۇيەيىنىڭ قىزى سەفىييە- ھۇيەي بەنى نەزىر يەھۇدىلىرىنىڭ كاتىۋاشلىرىدىن بىرى- كىنانە ئىبنى ئەبۇ ھۇقىيقنىڭ ئايالى ئىدى، ئۇ خەيبەر ئۇرۇشىدا ئۆلتۈرۈلدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام خەيبەرنى ئازاد قىلغان ۋاقىتتا، خەيبەردىكى ئاياللار ۋە باللار مۇسۇلمانلارنىڭ قۇللىرى بولدى، سەفىييەمۇ شۇ قۇللارنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇ دىھيە ئىبنى خەلىيفە ئەلكەلبى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا تەقسىم قىلىندى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ ئورنىغا باشقا بىر دىدەكنى بېرىپ، سەفىييەنىڭ كۆڭلىنى تىندۇرۇپ ۋە يوقالغان ئىززىتى ئۈچۈن ئۇنىڭغا مەرھەمەت قىلىپ ئۆزىگە تاللىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىبىسلىقىدىن، ئۇنىڭ بىلەن خار قۇل ھالەتتە مەنپەئەتلىنىش بىلەن كۇپايە قىلماستىن بەلكى ئۇنى قۇللۇق خارلىقىدىن قۇتقۇزۇپ ۋە مۆمىنلەرنىڭ ئانىلىرىدىن بىرى قىلىش بىلەن ئۇنىڭ ئىززىتىنى يۇقىرى كۆتۈردى. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى قۇللۇقتىن ئازاد قىلىپ ئەمرىگە ئالدى، ئۇنىڭ ئازادلىقىنى تويلۇق مىھرى قىلدى

https://sunnah.global/hadeeth/ug/show/6022

النجاة الخيرية
ALNAJAT CHARITY
لجنة الدعوة الإلكترونية
EDC
E-Da'wah Committee